## شىنجاڭدىن ئىبارەت مېۋىلىك چوڭ باغ «ياشلىق» ھىدىنى تاراتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسى بۆلۈمە كەنتىدىكى 1000 مولۇق باداملىق باغدا، مېۋىلىك دەرەخلەر بۈك - باراقسان ئۆسۈپ، شاخلىرى مېۋە بىلەن لىق تولغانىدى. «ئىلگىرىكى ئۆستۈرۈش ئەندىزىسىدە نوقۇل كۆلەمنىلا قوغلىشاتتۇق، بۇ بىر نەچچە يىلدا بىز سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا يەككە تۈپ ھوسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردۇق. ھازىر، بادامنىڭ مو بېشى ھوسۇلى ئىلگىرىكى 100 كىلوگىرامدىن بۇ يىلقى 300 كىلوگىرامغا ئۆستى» دېدى يەكەن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى جاڭ چياڭ.

### بىرىكىش بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىش كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بەشتوگمەن يېزىسىدىكى 170 مو چىلان ئۈلگە كۆرسىتىش بېغىدا، ئاقسۇ تيەنچۈەن ئورگانىك يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى لياڭ شياۋجۈن باغۋەنلەرنى يېتەكلەپ يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن پەنتاۋ چىلىنى، نىڭبېڭ قىشلىق چىلىنى قاتارلىق يېڭى سورتلارنى پەرۋىش قىلىۋاتاتتى. لياڭ شياۋجۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۈلگە كۆرسىتىش بېغى «كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + بازا + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات ئەندىزىسى ئارقىلىق، كارخانا، ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى باغۋەنچىلىك بازىسىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇردى، باغۋەنلەرنى ئىلمىي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلىدى.

باغراش ناھىيەسىنىڭ چېكىننۇر يېزىسى لاخەننۇر كەنتى «ساياھەت + خاس ئۆستۈرۈش + ھەمكارلىق كوپىراتىپى» تەرەققىيات ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، يەرلىكنىڭ شاپتۇل كەسپى سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، شاپتۇل كەسپىنى كەسپىلىشىش، كۆلەملىشىش تەرەققىيات يولىغا يۈزلەندۈرۈپ، خاس ئۆستۈرۈش كەسپىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

شېرىكلىشىپ ئۆستۈرۈشتىن باشقا، بەزى شىركەتلەر ئالدىن سېتىۋېلىش، ئارقىدىن سېتىپ چىقىرىش ھالقىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، باغۋەنلەرنى باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن غەم قىلدۇرمىدى.

شىنجاڭ يۈۋلىگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى ياردەم بېرىش - يۆلەش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، بۇ يىل يېڭىسار ناھىيەسىدىكى 102 ھەمكارلىق كوپىراتىپى بىلەن مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئۆستۈرۈش ھەم مەھسۇلات سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى. «بۇ يىل، بىز قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 190دىن ئارتۇق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى بىلەن مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئۆستۈرۈش ھەم مەھسۇلات سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالاپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 12 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ ئائىلە ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 1750 يۈەن ئاشۇرۇشقا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدۇق» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ يۈچيەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار زاكازلىق يېزا ئىگىلىكىنى مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، باشلامچى كارخانىلار، ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ سەزگۈر بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازار ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇشى، باھاسىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى ئۇششاق دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن مەنپەئەتنى چېتىش مېخانىزمى ئورنىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇششاق دېھقان ئائىلىلىرىنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات يولىغا كىرگۈزۈپ، بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### سىغىمنى كېڭەيتىش ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ھاياتىي كۈچنى ئاشۇردى

ئۆستۈرۈشنى ئەلالاشتۇرۇش، بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى شىنجاڭنىڭ باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىنى سىرتقا سېتىش كۆلىمى تەدرىجىي كېڭىيىپ، سېتىش شەكلى تېخىمۇ جانلىق بولدى.

«ئىلگىرى ياڭاق سېتىشتا تەلەيگە تاينىناتتۇق، بۈگۈنكى كۈندە يەرلىكنىڭ توپ سېتىش سودا رايونىدا مال ياخشى بولسىلا سودىگەرلەر تالىشىپ سېتىۋالىدۇ.» دېدى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ياڭىقى قاغىلىق توپ سېتىش سودا بازىرىدا دېھقان قۇربانىنسا يىدايەت خۇشال بولغان ھالدا. بازار سودا مەركىزىنىڭ باش دىرېكتورى فېي شىڭخۇا مۇنداق دېدى: بۇلتۇر جەمئىي 41 مىڭ توننا ياڭاق سېتىۋېلىپ، 39 مىڭ توننا ياڭاق سودىسى قىلىپ، پۈتكۈل قەشقەر ۋىلايىتىنى قاپلىدۇق.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، «چوڭ ئامبارنى شەرققە يۆتكەش» شەندۇڭ - قەشقەر داڭلىق، ئەلا، خاس مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى. شەندۇڭ قەشقەر خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى پېتى ساقلاش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزىنى قۇرۇپ، خۇادۇڭ، خۇابېي رايونلىرىنى قاپلاپ، مېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ «شىنجاڭدىن چىقىشى قىيىن بولۇش» «شىنجاڭدىن چىقىشى قىممەت بولۇش» قىيىن مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. بۇ يىل 6 - ئايغا قەدەر، كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان «شەندۇڭ چوڭ ئامبىرى» قۇرۇلۇپ، 60تىن ئارتۇق شىنجاڭ كارخانىسى ماكانلاشتى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى زاپاس مىقدارى 3000 توننىدىن ئاشتى.

كەڭ سېتىش تورى شىنجاڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىش قەدىمىنى تېزلەتتى. 2019 - يىلى 968.5 توننا شىنجاڭ ياڭىقى، ياڭاق مېغىزى قاچىلانغان يۈك پويىزى ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىلىش مەركىزىدىن تۈركىيە مېرسىن پورتىغا توشۇلدى، بۇ پورت ئارقىلىق تۈركىيە ھەم ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ بازارلىرىغا كىردى، شىنجاڭ ياڭىقى تۇنجى قېتىم زور تۈركۈمدە خەلقئارا بازارغا ئېكسپورت قىلىندى.

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاپ، شىنجاڭ سەرخىل باغ - ئورمانچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىپ، مېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى. شىنجاڭدىن ئىبارەت مېۋىلىك چوڭ باغنىڭ خۇش ھىدى تىيانشان تېغىدىن ھالقىپ، تېخىمۇ كەڭ بازارغا تارالماقتا.

## ئۈرۈمچى شەھىرى مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ مۇلازىمەت كاپالىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارغا قارىتا مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلدى. 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالاقىدار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەلىپى بويىچە، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ تېببىي كۆزىتىش، تۇرمۇش كاپالىتى، پىسخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مۇلازىمەت خىزمەتلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

جاڭ ۋېي مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھىرى تېببىي كۆزىتىشكە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى بىرىنچى ۋاقىتتا مەخسۇس ئادەم، مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن «يۈزتۇرا» ئۆتكۈزۈپ بەردى - ئۆتكۈزۈۋالدى، «نۇقتىدىن نۇقتىغا» يۆتكەپ توشۇدى، بىر ئادەمنى بىر ياتاقتا تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى (باللار، ئاغرىقلار قاتارلىق ھەققەتەن ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئېھتىياجلىق كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، سالامەتلىك ئەھۋالىدا نورمالسىزلىق بايقالغانلارنى دەرھال يۆتكەپ دىياگنوز قويدى.

مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدىكى بارلىق ئۆيلەرگە ئاساسىي تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى سەپلەندى، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاماق يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى ھەم باشقا كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلارغا ۋاقتىدا دورا يەتكۈزۈپ بېرىلدى، جىددىي كېسەللىك كۆرۈلگەنلەر مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ دىياگنوز قويدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تور ۋە تور سىرتى شەكلى قوللىنىلىپ، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلارغا پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ پىسخىكىلىق بېسىمى يېنىكلىتىلدى، كەيپىياتى تۇراقلاشتۇرۇلدى، ئىشەنچى كۈچەيتىلدى.

گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا خىزمەتچى خادىملاردىن سىرت، باشقا خادىملارنىڭ كىرىپ چىقىشى قاتتىق چەكلەندى. پاكىز رايون، يېرىم بۆلگىنىش رايونى ۋە بۆلگىنىش رايونى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىپ، مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ھەربىر ئۆينىڭ مۇستەقىل ھاۋا ئالمىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، تېببىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆلچىمى بويىچە ئەسلىھەلەر سەپلەندى، دېزىنفېكسىيە قىلىندى، داۋالاش تاشلاندۇقلىرى ۋاقتىدا تازىلاندى، يۆتكەلدى.

ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان جىددىي داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى مەسىلىسىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جاڭ رۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى «تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا كاپالەتلىك قىلىش، نۇقتىلىق بىرىنچى سەپكە كاپالەتلىك قىلىش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش» تەلىپى بويىچە، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچى قىلىپ، تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمى، سىرتتىن سېتىۋېلىش بىلەن ئىچكى جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇزاق مۇددەتلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى، قاتتىق سۈپەت باشقۇرۇش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نۆۋەتتە تۈرلۈك داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ھازىرقى ئامبار زاپىسى تولۇق بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېھتىياجىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سائەت نۆلدىن سائەت 24كىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىدىن 41ى (بۇنىڭ ئىچىدە 15ى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدىن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىغا ئۆزگەرگەن) يېڭىدىن كۆپەيگەن، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدىن 38ى (ئۈرۈمچى شەھىرىدە 37سى، بىڭتۈەن 12 - شىسىدا بىرى) يېڭىدىن كۆپەيگەن. 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سائەت 24كىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 178، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 170.

نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان ئەۋرىشكىلەرنى قايتا تەكشۈرۈش سۈرئىتىنىڭ تېزلىتىلىشى ۋە دىياگنوز قويۇش ئۈنۈمىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن دوكلات قىلىنغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى سانى بىرقەدەر كۆپ بولدى، ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن.

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ شىيۇ چۈەنچى تور پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى يوپۇغا، ئاقتۇ قاتارلىق 13 ناھىيەدە ئاممىۋى ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئۆيى تەسىس قىلىپ، «ئېلېكترونلۇق سودىنى چۈشىنىدىغان، بىۋاسىتە كۆرسىتىشنى بىلىدىغان» تەربىيەلەش ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەرقايسى ناھىيەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئېلېكترونلۇق سودىدا بىۋاسىتە كۆرسىتىش، مال تونۇشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى. «بۇ يىل بىز ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر تۈركۈم يېزا - كەنت ئېلېكترونلۇق سودا ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشنى پىلانلىدۇق، نۆۋەتتە جەمئىي ئاز كەم 8000 ئادەم قېتىمنى تەربىيەلىدۇق» دېدى بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى لى لۈيۈ تونۇشتۇرۇپ.

### يېڭى ھاياتىي كۈچ يۇغۇرۇلۇپ قويۇپ بېرىلدى

توردىكى دەرىسخانىدىن مەۋھۇم يىغىنغىچە، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىقتىن ئۇچراشمايدىغان ئاشخانىغىچە، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا نۇرغۇن ئەنئەنىۋى كەسىپلەر ئۆچۆرۈلۈشتىن قاناتلىنىپ، رەقەملەشكەن تەرەققىيات يولىغا كىرىپ، ئىستېمال ئېھتىياجىنى قويۇپ بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تېخىمۇ كۆپ مۇمكىنچىلىك ياراتتى.

شىنجاڭ جۇڭگۇڭ مائارىپى بىر مائارىپ مۇلازىمەت ئاپپاراتى بولۇپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا بۇ ئاپپارات خېرىدارلار بايلىقى ۋە سۈپەتلىك ماركا ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، توردا تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى. ئاپپارات مەسئۇلى شياۋ شېڭتاۋ مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركەتنىڭ ئېنىق بولغان رەقەملەشكەن تىجارەت ئىستراتېگىيەسى بار، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان توردا كۆلەملەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش - ئېچىش ۋە توردا ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، توردا، تور سىرتىدا يۇغۇرۇلغان يېڭىلىق يارىتىلغان مەھسۇلاتلارنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇردۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يىل توردا تەربىيەلەش ئادەم قېتىم سانى ۋە كىرىمى يەنىمۇ ئاشۇرۇلىدۇ.

يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈش ھەم دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاساسىدىكى تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىشتۇر.

يېقىندا ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى مىنجۇ يولىدىكى «كونا داڭلىق ماركا» بولغان يېتيەنياڭ مېھمانسارىيى ۋېيمەي سودا شەھەرچىسىنى ئېچىپ، «ئۇچراشماي ۋېيمەي قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تەم سەزگۈ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چەكتىن يۇقىرى يېمەك - ئىچمەك كەسپى ئورۇنلىرى ئاممىۋى تور ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغان تاماق ھەققى كىرىمى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.6% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە، 6 - ئايدا 20.2% ئاشقان.

ئالاقىدار كەسپىي زاتلار مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تايىنىدىغىنى يېڭى بىر ئەۋلاد ئالاقە تورى ئۇچۇر تېخنىكىسى، نامايان قىلىدىغىنى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان جەمئىيەت تەرەققىيات يۈنىلىشىدۇر، بۇ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ ئورنىنى ئاددىيلا ئېلىش بولماستىن، بەلكى كېيىنكىسىنى ئۇلاش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىككىسىنىڭ زىچ يۇغۇرۇلۇپ ھەمتۈرتكە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشتۇر.

### يېڭىچە ئىستېمال يۈزلىنىشكە ئايلاندى

يۇقۇم مەزگىلىدە يېڭىچە ئىستېمال ۋە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن ئىستېمال بارلىققا كەلدى، «يان تېلېفوندا زاكاز قىلىش، ئۆيگىچە تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىش» پۇقرالارنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىشتىكى ئالدىن تاللاش ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

2017 - يىلى قۇرۇلغان كۇچا شەھەردىكى ۋېيۋى تېز يەتكۈزۈش ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى خام، يېڭى يېمەكلىكلەرنى سېتىش، ۋېيمەي قىلىش قاتارلىق توردا، تور سىرتىدا سېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يېڭى كەسىپ ھالىتى ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن مەنپەئەتلەنگەن بۇ سۇپا كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

«ھازىر ئايلىق سېتىش سوممىمىز 3 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز مەۋقەنى شۇ جايدىكى چوڭ، ئوتتۇرا ھال ئولتۇراق رايونلارغا قويۇپ، 40تىن ئارتۇق ياشنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە تۈرتكە بولىمىز، يەنە چوڭ تىپتىكى ئامبار قۇرىمىز، بۇ ئامبار پۈتكەندىن كېيىن، ئاھالىلەرنىڭ سېتىۋېلىش تەننەرخى ئاز دېگەندە 15% تۆۋەنلەيدۇ» دېدى بۇ كارخانىنىڭ مەسئۇلى بىڭ چېجىن تونۇشتۇرۇپ.

شىنجاڭ سۇنىڭ يىگوۋ ئالاقە تورى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، توردىكى سۇنىڭ بۇلۇت دۇكىنى كىچىك پروگراممىسى، سۇنىڭ خېرىدارىغا تەۋسىيە قىلىش، ۋېيشىندا تېز سېتىۋېلىش، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش قاتارلىق جەمئىيەت توپى ماركېتىنىڭ قوراللىرى ئارقىلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ «ئۆي ئىگىلىكى»نى جانلاندۇردى.

ئۆيدە تۇرۇپ يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش مەزگىلىدە «ھەممە نەرسىنى توردىن سېتىۋېلىش» يۈزلىنىشكە ئايلاندى. خام، يېڭى مەھسۇلاتلار زور دەرىجىدە ئاشقاندىن باشقا، ئەرمەك ھايۋانلار تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، ئويۇن ئۈسكۈنىلىرى ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش مەشىقى تۈردىكى تاۋارلارمۇ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، ئالاقە تورى، ئالاقىدار مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئېشىشى كۈچلۈك بولدى. 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاقە تورى ۋە ئالاقىدار مۇلازىمەت كەسىپلىرى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 26.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كۆلەمدىن يۇقىرى ئالاقە تورىغا ئۇلاش ھەم ئالاقىدار مۇلازىمەت كەسپى 66.7% ئاشتى، ئالاقە تورى سانلىق مەلۇمات مۇلازىمىتى 1.6 ھەسسە ئاشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا، مۇتەخەسسىسلەر قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش، بېكىتىلگەن دوختۇرخانا، مەھەللە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيا كاپالىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

يۇ شۈجۈن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، مۇئاۋىن زۇڭلى سۈن چۈنلەن شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلدى ھەم ئېنىق خىزمەت تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى بىرىنچى ۋاقىتتا شىنجاڭغا مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. شىنجاڭ بىرىنچى ۋاقىتتا قاتتىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇمنىڭ سىرتقا تارقىلىشى، كېڭىيىشى، يامرىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كۈرەشنى ھەر ۋاقىت چىڭ تۇتۇپ، خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇش كېرەك. «تۆت بالدۇر»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەھەللە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەسپىي خادىملارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ئىلمىي، ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك، ياخشى ئىشلەپ، مىقدارى يېتەرلىك، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، كېسەل كارىۋىتى، تېببىي خادىملار ۋە دورا، ماددىي ئەشيالارنى ئالدىن تەييارلاش كېرەك، «ئون قېتىملىق ئالدىنى ئېلىش تەييارلىقىنىڭ توققۇز قېتىملىقى ئىشلىتىلمەسمۇ»، تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپ پايدىلىنىلمىسىمۇ، ھەرگىز تەييارلىقسىز جەڭ قىلماسلىق كېرەك. يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، شەھەر - يېزا مۇھىتىنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، ساغلاملىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش شەكلىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق بىلدۈردى: ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش باش تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكى، تەلىپى بويىچە، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۈەن رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، لى يىفېي، ۋاڭ مىڭشەن، ليۇ جيەنشىن، ۋەن خېيچۈەن، ياڭ يۈك، لۇ شۈپىڭ ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.